السنّة النبوية وعلومها
www.sunnah.global

# مەن ھاممام مەيمۇنەنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالدىم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېچىدە ناماز ئوقۇش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى، مەنمۇ قوپۇپ سول تەرىپىدە تۇرغۇنۇمدا، مېنىڭ بېشىمدىن تۇتۇپ ئوڭ تەرىپىگە يۆتكەپ قويدى

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: مەن ھاممام مەيمۇنەنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالدىم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېچىدە ناماز ئوقۇش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى، مەنمۇ قوپۇپ سول تەرىپىدە تۇرغۇنۇمدا، مېنىڭ بېشىمدىن تۇتۇپ ئوڭ تەرىپىگە يۆتكەپ قويدى
[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

ئۇلۇغ ساھابە ئىبنى ئابباس بىزگە بىر ۋەقەلىكنى بايان قىلىپ بېرىدۇ، ئۇ بىر كۈنى رەسۇلۇللاھنىڭ «تەھەججۇد» كېچىلىك نامىزنى قانداق ئوقۇيدىغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈش ئۈچۈن رەسۇلۇللاھنىڭ ئايالى ھاممىسى مەيمۇنەنىڭ ئۆيىگە قونغىلى باردى، رەسۇلۇللاھ كېچىدە ناماز ئوقۇش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى، ئىبنى ئابباسمۇ تەڭ تۇرۇپ نامازدا رەسۇلۇللاھقا ئىقتىدا قىلىش ئۈچۈن سول تەرىپىدە تۇردى، ئىقتىدا قىلغۇچى بىر ئادەم بولسا ئەسلىدە ئىمامنىڭ ئوڭ تەرىپىدە تۇرۇش ئەۋزەل، شۇ سەۋەبتىن رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ بېشىدىن تۇتقىنىچە ئارقا تەرەپتىن ئايلاندۇرۇپ ئوڭ يېنىغا ئەكىلىپ تۇرغۇزدى

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/3528

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee